ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن زۆرۈر ئوقۇشلۇق

# دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىكلار

(1 ـ قىسىم)



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

责任编辑：多鲁洪
DIANNAOZHIZUO HANTANGCHUANGYI
封面设计：刘家峰

ISBN7-105-07595-3
9 787105 075959 >
ISBN 7-105-07595-3/I · 1628
民文(维 231)　　定价：17.00 元

ياش - ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن زۆرۈر ئوقۇشلۇق

# دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىكلار

(1 - قىسىم)

تەرجىمە قىلغۇچىلار:
غوپۇر قادىر
قادىر راخمان
ھەبىبۇللا مۇھەممەت

مىللەتلەر نەشرىياتى

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

责任编辑：多鲁洪
责任校对：胡达白地

**图书在版编目(CIP)数据**

世界文学经典百科. 上/楚风主编；艾比不拉等译.
北京：民族出版社，2006.3
ISBN 7-105-07595-3

Ⅰ.世… Ⅱ. ①楚…②艾…Ⅲ.文学史—世界—
青少年读物—维吾尔语 （中国少数民族语言）
Ⅳ.I109-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 023404 号

出版发行：民族出版社　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862 (维文室)
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2006 年 3 月第 1 版　2006 年 3 月北京第 1 次印刷
开　　本：850 毫米×1168 毫米
印　　张 10.625
印　　数：0001-3000 册
定　　价：17.00 元

# كىرىش سۆز

مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ساپا مائارىپىنىڭ زۆرۈر مەزمۇنى، ئۇ ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنى جەمئىيەتنى تونۇش، بىلىمىنى كۆپەيتىش، خاراكتېرىنى تاۋلاش، قەلبىنى ساپلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇلار مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئوقۇش جەريانىدا ئېستېتىك زوققا ئېرىشىدۇ، بولۇپمۇ ئىلغار ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە ئەسەرلەر ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. شۇڭا، ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار قەدىمكى ۋە ھازىرقى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ بارلىق نادىر ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىنى ئەينەك قىلىپ ۋە ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلاردىكى پايدىلىق ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت مېۋىلىرىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

لېكىن، بۇنداق ئۇنۇمگە يېتىشتە پەقەت ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قېلىنسا ھەرگىز بولمايدۇ. ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار يەنە مۇناسىۋەتلىك ئەدەبىيات بىلىملىرىنى ئىگىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئوقۇش جەريانىدا ئەسەرنىڭ چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە ئېسىل بەدىئىي قىممىتىنى چۈشىنەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەسەرنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنى تارىخىي نۇقتا ۋە دىئالېكتىك نۇقتىدىن تەھلىل قىلىپ ۋە تاسقاپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل

قىلالايدۇ . قولىڭىزدىكى ئىككى قىسىملىق بۇ كىتاب ياش ــ ئۆسمۈر ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇشۇ نىشانغا يېتىشىگە ياردەم بېرىش مەقسىتىدە تۈزۈلدى . كىتابنىڭ 1 ــ قىسمى «قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى» ، «ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتى» ۋە «ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئەدەبىيات»تىن ، 2 ــ قىسمى «19 ــ ئەسىر ئەدەبىياتى» ، «20 ــ ئەسىر ئەدەبىياتى»دىن تەركىب تاپتى . كىتابتا ئەدەبىيات ــ سەنئەت مۇنبىرىدە چاقناپ تۇرغان كىنگانتلار ۋە ئەدەبىيات ــ سەنئەت خەزىنىسىدىكى بىباھا ئەسەرلەر تونۇشتۇرۇلدى . ياش ــ ئۆسمۈر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالا- ھىدىلىكىگە لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، ماتېرىيال تاللاشتا ئىمكان- قەدەر ئاممىباب ، قىزىقارلىق بولۇشقا ، بىلىمنىڭ چوڭقۇر ــ تېيىزلىكىنىڭ لايىقىدا بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى .

بىز بۇ كىتابنىڭ ياش ــ ئۆسمۈر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى ئۇستازى ، يېقىن دوستى ، ئەدەبىيات قەسىرىگە كىرىشتىكى ئاچ- قۇچى ، شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك دەرسلەرنى ئۆگىنىشتىكى ئۇ- نۇملۇك قوشۇمچە ماتېرىيال بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

— مۇھەررىردىن

# مۇندەرىجە


**قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى** ........ 1
دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى ئەدەبىيات قايسى دۆلەتتە پەيدا بولغان ؟ ........ 3
دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن تارىخىي داستان
قايسى؟ ........ 5
« ئىنجىل » قانداق كىتاب؟ ........ 7
ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا قانداق شەخسلەر؟ ........ 9
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى توغرىسىدىكى ھېكايىنىڭ مەزمۇنى
نېمە؟ ........ 11
يۇنان ئەپسانىلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قايسىلار؟ ........ 13
يۇنان ئەپسانىلىرىنىڭ باشقا ئەپسانىلەرگە ئوخشىمايدىغان
ئالاھىدىلىكى قايسىلار؟ ........ 17
ئولىمپۇس تېغىدا قايسى ئاساسلىق ئىلاھلار ئولتۇرغان؟ ........ 19
يۇنان ئەپسانىلىرىدە قانداق تەمسىللىك ھېكايەتلەر بار؟ ........ 22
پرومېتېئۇس توغرىسىدىكى ئەپسانىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ ........ 25
ھېراكلىس قانداق قەھرىمان؟ ........ 27
يېئاسون توغرىسىدىكى ئەپسانىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ ........ 28
يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى سىياسىي خاھىشى ئەڭ روشەن بولغان
ئەپسانە قايسى؟ ........ 32
نېمە ئۈچۈن يۇنان ئەپسانىلىرى يۇنان سەنئىتىنىڭ خەزىنىسى بولۇپلا
قالماي، بەلكى ئۇنى ئۆستۈرگەن تۇپراق دەيمىز؟ ........ 35
« ئىلىيادا » داستانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە؟ ........ 37
« ئودىسا » داستانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە؟ ........ 41
ئاكىللېئۇس خاراكتېرىنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟ ........ 43
ئودىسسېئۇسنى نېمە ئۈچۈن ھومېر داستانلىرىدىكى دانىشمەن
دەيمىز؟ ........ 45
نېمە ئۈچۈن ھومېر داستانلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا بەدىئىي زوق




此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

بىرنۋانىدۇ دەيمىز؟ ........ 47
نېمە ئۈچۈن سابفونى ‹‹ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئونىنچى
ئىلاھەسى›› دەيمىز؟ ........ 50
ئېزوپ مەسەللىرىدە تۆۋەن تەبىقىدىكى ئاددىي خەلق ۋە قۇللار
ئىدىيىسى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟ ........ 53
ئېزوپ مەسەللىرى كېيىنكى دەۋرلەر ئەدەبىياتىغا قانداق تەسىرلەرنى
كۆرسەتكەن؟ ........ 56
‹‹ تراگېدىيە ئاتىسى ›› دەپ تەرىپلەنگەن دراماتورگ كىم؟ ........ 58
نېمە ئۈچۈن پرومېتېئۇسنى ‹‹پەلسەپە كالېندارىدىكى ئەڭ يۇكسەك
ئەۋلىيا ۋە ھەقىقەت يولىدا قۇربان بولغۇچى›› دەيمىز؟ ........ 61
نېمە ئۈچۈن سوفوكلوس ‹‹ تىياتىر سەنئىتىدىكى ھومېر ›› دەپ
تەرىپلەنگەن؟ ........ 63
‹‹ ئودىپوس شاھ ›› تىكى ‹‹ دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئانىسىنى
خوتۇنلۇققا ئېلىش›› تەك ئاقىۋەتنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ........ 65
‹‹ سەھنىدىكى پەيلاسوپ ›› دېيىلگەن كىشى كىم؟ ........ 67
پلاتون نېمە ئۈچۈن شائىرلارنى ئۆزىنىڭ ‹‹ غايىۋى دۆلىتى ›› دىن
قوغلاپ چىقارغان؟ ........ 70
ئارىستوتېلنىڭ ‹‹ شېئىرىيەت ئىلمى ›› كېيىنكىلەرگە قانداق تەسىر
كۆرسەتكەن؟ ........ 73
دۇنيا ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى ھەجمى ئەڭ چوڭ داستان
قايسى؟ ........ 77
قەدىمكى ھىندىستان داستانى ‹‹ رامايانا ›› نىڭ قانداق بەدىئىي
ئالاھىدىلىكلىرى بار؟ ........ 78
نېمە ئۈچۈن قەدىمكى رىم ئەدەبىياتى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ياۋروپا
ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ،
كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش رولىنى ئوينىدى دەيمىز؟ ........ 80
‹‹ شېئىرىيەت سەنئىتى ›› قانداق ئەسەر؟ ........ 83
ئوۋىدىئۇسنىڭ ‹‹ شەكىل ئۆزگەرتىش ››ناملىق ئەسىرى قانداق

قىممەتكە ئىگە؟ 85
« ئەدىبلەر داستانى » نىڭ ئۆلگىسى دەپ ئاتالغان ئەسەر قايسى؟ 88
**ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتى** 91
چېركاۋ ئەدەبىياتى دېگەن نېمە؟ 93
رىتسارلار ئەدەبىياتى دېگەن نېمە؟ 96
« روللاند ناخشىسى » قانداق ئەسەر؟ 98
« سەردار داستانى » نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە؟ 101
« نىبۇلۇڭگىن ناخشىسى » نى نېمە ئۈچۈن گېرمانىيىنىڭ
« ئىلىيادا » سى دەيمىز؟ 103
« ئىگورنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشى » ناملىق داستان نېمىشقا
رۇس ئەدەبىياتىدىكى قەھرىمانلىق داستانى دەپ ئاتالغان؟ 105
شەھەر ئەدەبىياتى قانداق ئەدەبىيات؟ 108
« روبىنھام قوشاقلىرى » نىڭ مەزمۇنى نېمە؟ 109
« تۈلكە رىنات » قانداق ئەسەر؟ 111
نېمە ئۈچۈن دانتېنى « ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى شائىرى، يېڭى
دەۋرنىڭ تۇنجى شائىرى » دەيمىز؟ 114
نېمە ئۈچۈن « ئىلاھ كومېدىيىسى » نى ئوتتۇرا ئەسىر
مەدەنىيىتىنىڭ « قامۇسى » دەيمىز؟ 116
« ئىلاھ كومېدىيىسى » دىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارەتلىرى
قايسى؟ 120
« مىڭ بىر كېچە » قانداق مەيدانغا كەلگەن، ھازىرقى نۇسخىسى
قانداق بېكىتىلگەن؟ 125
« مىڭ بىر كېچە » نى نېمە ئۈچۈن ئەرەب تۇرمۇشىنىڭ قامۇسى
دەيمىز؟ 127
« مىڭ بىر كېچە » قانداق بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە؟ 130
« گۈلىستان » قانداق ئەسەر؟ 133
« ۋەنيې شېئىرلىرى » قانداق ئەسەر؟ 136
زىشىبۇ قانداق يازغۇچى؟ 139

«يۇەنشى ھەققىدە ھېكايە» ناملىق ئەسەرنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ …… 141
«يۇەنشى ھەققىدە ھېكايە» قانداق بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە
ئېرىشكەن؟ …… 144
**ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئەدەبىيات …… 147**
«ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى» دېگەن نېمە؟ …… 149
ئىنسانپەرۋەرلىك ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكى نېمە؟ …… 150
ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدە ۋەكىللىك قايسى
يازغۇچىلار ۋە ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن؟ …… 153
سەرگەردانلار ھېكايىلىرى دېگەن نېمە، ئۇ ياۋروپا ئەدەبىيات تارىخىدا
قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە؟ …… 155
نېمە ئۈچۈن پېتراركانى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش
دەۋرىدىكى ئەڭ مۇھىم لىرىك شائىر دەيمىز؟ …… 158
«ئون كۈنلۈك سۆھبەت» تە نېمىلەر سۆزلەنگەن؟ …… 161
«ئون كۈنلۈك سۆھبەت» بەدىئىي جەھەتتە قانداق
ئالاھىدىلىكلەرنى ياراتقان؟ …… 164
«گىگانت ئادەم» رومانىدىكى گىگانت ئادەملەر زادى قانداق
پېرسوناژلار؟ …… 166
مونتايگنىنىڭ «خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرى قانداق ئەسەر؟ …… 169
«بەتتە يۇلتۇز شېئىرىيەت ئۇيۇشمىسى» دېگەن نېمە؟ …… 172
سېرۋانتېس قانداق قىلىپ بىر مەجرۇھ ئەسكەردىن ئۇلۇغ يازغۇچىغا
ئايلانغان؟ …… 174
نېمە ئۈچۈن دونكىخوتنى كۈلكىلىك، ئەمما يەنە مەدھىيىلەشكە
ئەرزىيدىغان پېرسوناژ دەيمىز؟ …… 178
سانچو پانساغا قانداق باھا بېرىش كېرەك؟ …… 182
نېمىشقا چائۇسېرنى «ئەنگلىيە شېئىرىيىتىنىڭ ئاتىسى» دەيمىز؟ …… 185
«كانتېر بۇرى ھېكايىلىرى» ئەنگلىيە ئەدەبىيات تارىخىدا قانداق
ئورۇننى ئىگىلىگەن؟ …… 188
تۇنجى بولۇپ خىيالىي سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلغان

ئەسەر قايسى ………………………… 191

سپېنسېر نېمە ئۈچۈن «شائىرلارنىڭ شائىرى» دەپ ئاتالغان؟ …… 194

شېكسپېرنى نېمىشقا بىر دەۋرگە ئەمەس، بەلكى بارلىق ئەسىرلەرگە مەنسۇپ دەيمىز؟ ………… 196

«ۋېنېتسىيە سودىگىرى» دىكى شارلوكقا قانداق باھا بېرىش كېرەك؟ ………… 199

«رومېئو ۋە جۇلىيتتا» نىڭ شېكسپېرنىڭ باشقا تراگېدىيىلىرىدىن قانداق پەرقى بار؟ ………… 202

ھاملېتنىڭ قىساس ئېلىشى قانداق ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە؟ ……… 205

ھاملېت ئوبرازى قانداق ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ ……… 208

«ھاملېت» نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى نېمە؟ ………… 211

ئوتېللونىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولغان نىكاھى نېمە ئۈچۈن پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشقان؟ ………… 216

شېكسپېر ئەسەرلىرىدىكى ئەرۋاھلارغا قانداق قاراش كېرەك؟ ……… 220

«پادىشاھ لىر» ناملىق تراگېدىيىدە نېمىلەر سۆزلەنگەن؟ ……… 222

«ماكبېت» تىكى پەلسەپىۋى مەنە نېمە؟ ………… 224

**17 ـ ، 18 ـ ئەسىرلەر ئەدەبىياتى** ………… 227

«باروخ ئۇسلۇبى» دېگەن نېمە؟ ………… 229

كلاسسىزمدىكى «ئۈچ بىردەكلىك قائىدىسى» قانداق كېلىپ چىققان؟ ………… 230

مىلتون نېمىشقا «پادىشاھنى ئۆلتۈرگۈچىنى بىرىنچى بولۇپ ئاقلىغان ئادەم» دېيىلىدۇ؟ ………… 232

«جەننەتتىن ئايرىلىپ قېلىش» نېمىشقا ئەنگلىيىنىڭ تارىخىي داستانى دېيىلىدۇ؟ ………… 234

كورنېلىنىڭ «لى كىد» ناملىق ئەسىرى نېمىشقا تۇنجى كلاسسىزم تىياتىرى دېيىلىدۇ؟ ………… 237

«ئاندروماك» نېمىشقا تۇنجى ئۆلچەملىك كلاسسىزم تراگېدىيىسى دېيىلىدۇ؟ ………… 240




此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

لافۇنتايىنىنىڭ «شېئىرىي مەسەللەر» ناملىق ئەسىرىنىڭ
ئاساسلىق قىممىتى نېمە؟ ...... 243
سىز كومېدىيىچى مولىيېرنىڭ ئىچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى
بىلەمسىز؟ ...... 245
ئابىات نېمىشقا «بېخىل» بىلەن تەڭ مەنىلىك سۆزگە ئايلىنىپ
قالغان؟ ...... 248
«ساختىپەز» نېمىشقا يېنىش-يېنىشلاپ بېسىمغا ئۇچرايدۇ ۋە
چەكلىنىدۇ؟ ...... 251
«ئاقارتىش ھەرىكىتى» دېگەن نېمە؟ ...... 254
روبىنزون زادى قانداق ئادەم؟ ...... 256
«گۇللىۋېرنىڭ ساياھىتى» ئەنگلىيە ئەدەبىيات تارىخىدا قانداق
ئورۇن تۇتىدۇ؟ ...... 260
«توم جونىيس» نېمىشقا 18-ئەسىردىكى ئەنگلىيە
جەمئىيىتىنىڭ پروزىلىق تارىخىي داستانى دېيىلىدۇ؟ ...... 262
سېنتىمېنتالىزم ئەدەبىياتى دېگەن نېمە؟ ...... 264
سېنتىمېنتالىزم ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەر قايسى؟ ...... 267
ئەنگلىيىلىك دېھقان شائىر بۆرنىس ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى
بىلەمسىز؟ ...... 269
پەلسەپىۋى رومانلارنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟ ...... 273
«پارس مەكتۇپلىرى» پارىژدا نېمىشقا زىلزىلە قوزغىغان؟ ...... 276
«سەممىمىي ئادەم» دىكى سەممىمىي ئادەم رېئاللىق توغرىسىدىكى
كۆز قاراشنى قانداق ئۆزگەرتكەن؟ ...... 279
«راھىبە» بىزگە نېمىنى ئېچىپ بېرىدۇ؟ ...... 282
دىدېروت قانداق يازغۇچى؟ ...... 285
ناپالېئون «فىگارونىڭ تويى» نى نېمىشقا «ھەرىكەتكە ئۆتكەن
ئىنقىلاب» دېگەن؟ ...... 288
نېمىشقا «يېڭى ئېروكىس» سېنتىمېنتالىزم كەيپىياتىغا ئىگە
دېيىلىدۇ؟ ...... 290

«« بوران ھەرىكىتى »» دېگەن نېمە؟ ...................... 293
گيوتې نېمىشقا «« بەزىدە ئىنتايىن ئۇلۇغ، بەزىدە ئىنتايىن
ئەرزىمەس »» بولىدۇ؟ ...................... 295
ياش ۋېتېرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلىقىنى قانداق توغرا تونۇش
كېرەك؟ ...................... 299
فائۇستىنىڭ پروتوتىپى ۋە ھېكايىسىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى
بىلەمسىز؟ ...................... 301
«« فائۇست »» قانداق ئەسەر؟ ...................... 303
فائۇست بىلەن ماگارىرېتنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى نېمىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ ...................... 306
«« فائۇست روھى »» دېگەن نېمە؟ ...................... 309
موففېست نېمىشقا ئۆزىنى «« يامان ئىشتىن ياخشىلىق ياراتقۇچى
كۈچنىڭ بىر گەۋدىسى »» دەيدۇ؟ ...................... 312
«« فائۇست »» نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى نېمە؟ ...................... 315
شىللېر قانداق يازغۇچى؟ ...................... 319
«« سۇيىقەست ۋە مۇھەببەت »» نېمىشقا «« گېرمانىيىنىڭ سىياسىي
خاھشلىق تۇنجى تىيانىرى »» دېيىلىدۇ؟ ...................... 321
«« ئىككى بايغا بىر مالاي »» قانداق ئەسەر؟ ...................... 324

# قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى

قەدىمكى مىسىر ئەدەبىياتى دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي ئەدەبىياتتۇر. شۇ دەۋردە ئىنسانىيەت ئەدەبىيات تارىخىنىڭ پارلاق بېتى يارىتىلغان. ۋەھالەنكى، تېخىمۇ جەلپكار بولغان قەدىمكى يۇنان ئەدەبىياتى بولسا ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا ئىنسانىيەت دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى چاقناق سەنئەت خەزىنىسىدۇر. يۇنان ئەپسانىلىرى ۋە داستانلىرى دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، كېيىنكى ياۋروپا ئەدەبىياتى، ھەتتاكى دۇنيا ئەدەبىياتىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

## دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى ئەدەبىيات قايسى دۆلەتتە پەيدا بولغان؟

مىسىر ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى تۆت چوڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەتنىڭ بىرى، ئۇنىڭ تارىخى ئۇزاق بولۇپ، پارلاق مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىگە. مىلادىدىن ئالتە مىڭ يىل ئىلگىرى، دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى ئەدەبىيات مانا شۇ ئەقىل ـ پاراسەتكە تولغان سىرلىق زېمىندا پەيدا بولغان.

قەدىمكى مىسىر ئەدەبىياتى مىسىرنىڭ ئىپتىدائىي كوممۇنا جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرىدىن قۇللۇق جەمئىيىتىگىچە بولغان دەۋرنىڭ مەھسۇلى.

دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا ئوخشاش، ئەپسانە قەدىمكى مىسىر ئەدەبىياتىدا ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ژانىر.

بەزى ئەپسانىلەر ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا خەلق ئارىسىدا تارقالغان، قەدىمكى پادىشاھلىقلار دەۋرىگە كەلگەندە نۇرغۇن ئەپسانىلەر ئەدىبلەر تەرىپىدىن رەتلىنىپ، يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن، ئۇلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ، مەزمۇنى مول بولغان. ئاسمان ـ زېمىن، كۈن ـ ئاي، تاغ ـ دەريا، گۈل ـ گىياھ، ئۇچار قاناتلار، ياۋايى ھايۋانلار ھەممىسى بۇ ئەپسانىلەرنىڭ ۋەقەلىك تېمىسى بولغان، بۇلار ئىچىدە بولۇپمۇ قۇياش ئىلاھى ۋە ئورىسىس[1] توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ئەڭ مەشھۇر بولۇپ، بۇ قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتكە بولغان

[1] ئورىسىس - قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ ئۆسۈملۈك ۋە سۇ ئىلاھى.

ئۆزگىچە تونۇش ۋە تەسىراتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

قەدىمكى مىسىرلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ناخشا ـ قوشاققا ماھىرلىقى بىلەن داڭق چىقارغان، شېئىرىيەت قەدىمكى مىسىر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بىر ئەدەبىي ژانىر ئىدى. مەزمۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆرپ ـ ئادەت قوشاقلىرى (ئەمگەك قوشاقلىرى ۋە مۇھەببەت قوشاقلىرى)، دىنىي قوشاقلار ۋە مەدھىيە ـ قەسىدىلەرگە بۆلۈنەتتى. ئەمگەك قوشاقلىرى ئىچىدە «تېرىقچىلار قوشىقى»، «ئاشلىق توشۇغۇچىلار قوشىقى» ئەڭ كەڭ تارقالغان ئىدى. «ئەرۋاھنامە» دىنىي قوشاقلار توپلىمى ئىدى. قۇياش ئىلاھى مەدھىيىلەنگەن «قۇياش ئىلاھىغا مەدھىيە» ۋە يېڭى پادىشاھلىق دەۋرىدىكى «نىل دەرياسىغا مەدھىيە» قەدىمكى مىسىر شېئىرىيىتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەردۇر.

قەدىمكى مىسىر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت بىلەن تەڭلىشەلەيدىغان ژانىر قىسسەدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە، «چېچەن، گەپدان دېھقان ھەققىدە قىسسە»، «بالا ـ قازاغا ئۇچرىغان دېڭىزچى»، «تەتۈر پېشانە شاھزادە»، «ئاپىنۇ ـ ۋاتتا ئاكا ـ ئۇكىلار» قاتارلىقلار ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە قىسسەلەردۇر. بۇ قىسسىلەر ئۆزىدە كېيىنكى دەۋرلەردىكى ھېكايىچىلىقنىڭ بەزى ئاساسىي ئامىللىرى (ۋەقەلىك سۈژېتى ۋە تەپسىلاتلار تەسۋىرى)نى ھازىرلىغان.

بۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى دەۋر مىسىر ئەدەبىياتىدا يەنە تەزكىرە ئەدەبىياتى (مەسىلەن، «مىتىن تەزكىرىسى»، «ۋەزىر ئۇنىنىڭ تەزكىرىسى»، «كېمىچىلەر باشلىقى ياخمۇسنىڭ تەزكىرىسى» قاتارلىقلار)، دراما، ھېكمەتلىك سۆزلەر قاتارلىق ژانىرلار بولۇپ، بۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى پارلاق سەھىپىلەر بولۇپ قالغان.



此为试读, 需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com